# سەجدىدە راۋرۇس بولۇڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئىككى بىلىكىنى ئىتقا ئوخشاش يەرگە چاپلىۋالمىسۇن

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: سەجدىدە راۋۇرۇس بولۇڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئىككى بىلىكىنى ئىتقا ئوخشاش يەرگە چاپلىۋالمىسۇن، دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە راۋرۇس بولۇشقا بۇيرىدى. بۇنى ناماز ئوقۇغۇچى سەجدىدە؛ ئىككى ئالقىنىنى يەرگە قويۇش، ئىككى بىلىكىنى يەردىن كۆتۈرۈش ۋە ئۇنى بىقىنىدىن يىراقراق تۇتۇش ئارقىلىق چىرايلىق بىر شەكىلدە تۇرۇشقا بۇيرىدى. چۈنكى بۇنداق تۇرۇش، نامازدا تەلەپ قىلىنغان ھەركەتچانلىق ۋە قىزغىنلىقنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بۇ شەكىل، سەجدە قىلىشقا تىگىشلىك بولغان ئەزالارنىڭ ھەممىسىنى، ئۆزىنىڭ ئىبادەتتىكى نېسىۋىسىنى ئېلىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. سەجدىدە ئىككى بىلەكنى يېيىپ تۇرۇش چەكلىنىلدى، چۈنكى بۇنداق قىلىش، ھورۇنلۇق ۋە زېرىككەنلىكنىڭ نىشانىدۇر. يەنە بۇنىڭدا ئىتقا ئوخشاپ قېلىش بولۇپ، بۇ ئوخشاشلىق نامازخانغا نا لايىقتۇر



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee